# ئەتراپىمىزدىكى جانلىقلارنىڭ ھەيران قالارلىق ئالاھىدىلىكلىرى

سىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان جانلىقلارنىڭ ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟

الله يەرشارىنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ، يەرشارىدا نۇرغۇن جانلىقلارنى ياراتتى. بۇلارنىڭ بىرسى ئىنسانلار. بىز سىزگە بۇرۇنلا ئىنسانلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇ پىلانىتتا ئادەمدىن باشقا جانلىقلارمۇ بار. ئۇلار بولسا ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر.

بۇ قىسىمدا بىز بۇ ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرىمىز. بۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى ھەركۈنى سىز ئايلانغىلى چىققاندا ياكى، ئارقا ھويلىدا ياكى بالكۇنلاردا ئۆيىنىغان ۋاقتىدا كۆرۈپ تۇرىسىز. سىز بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقمىغانسىز .

## پاشا

سىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان جانلىقلارنىڭ
ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ
بارلىقىنى بىلەمسىز؟
الله يەرشارىنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن ،
يەرشارىدا نۇرغۇن جانلىقلارنى ياراتتى. بۇلارنىڭ
بىرسى ئىنسانلار. بىز سىزگە بۇرۇنلا ئىنسانلارنىڭ




بۇ قىسىمدا بىز بۇ ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرىمىز. بۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى ھەركۈنى سىز ئايلانغىلى چىققاندا ياكى، ئارقا ھويلىدا ياكى بالكۈنلاردا ئوينىغان ۋاقتىتا كۆرۈپ تۇرىسىز. سىز بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقمىغانسىز .



الله ئىنسانلارنى ياراتقان چاغدا ئۇلارغا ئەسلىيەلەيدىغان ئىقتىدارنى بەرگەن. مەسىلەن سىز بۇ بەتتىكى ئادەمنىڭ رەسمى ۋە پاشىنىڭ رەسمىنى كۆردىڭىز . پاشا بولسا ئىنساندىن نەچچە مىڭ ھەسسە كىچىك. شۇنداق بولسىمۇ، ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا پاشىدىن ئۆزىنى قوغداپ قالالمايدۇ. ئۇلار ھەرقانداق قىلسۇن، پاشانىڭ چېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. گەرچە پاشا ئىنساندىن ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ ئۇلۇغ الله پاشاغا نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى بەرگەن.

بۇنىڭ قارىغاندا، ئۇلۇغ الله ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەمدە الله نىڭ ئىرادىسىدىن سىرت ئىنسانلارنىڭ ھەتتا پاشاغىمۇ قارشى ھېچ قانداق ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بۇلىدۇ. مۇشۇ يول بىلەن قارىغاندا ئىنسانلارنىڭ الله نىڭ ئالدىدا ھېچقانداق كۈچىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .



سۈرەتتىن پاشىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە قان شوراۋاتقاندا قىزىرىپ

ئەمدى ئۆزىڭىز توغرىسىدا ئويلىنىڭ . سىز ئۇخلىغاندا قۇلاق تۈۋىڭىزدە توختاۋسىز غۇڭۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلايسىز. بۇ بولسا پاشىنىڭ غوڭۇلدىشى ، رەسىمدىكى پاشىنىڭ ئىنتايىن كىچىك ئىكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى نېمە دېگەن يوقۇرۇى . مانا بۇ الله ئۇنىڭغا بەرگەن ئۆزگىچە تالانت. لېكىن سىز پاشىنىڭ داۋاملىق سىزنى نېمە ئۈچۈن چېقىۋالىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ كېلىڭە. بىز سىزگە پاشىنىڭ قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بېرەيلى .

## پاشىنىڭ ھەيران قالدۇرارلىق سەرگۈزەشتىسى

پاشالار بولسا ئىنسانلارغا ناھايىتى يېقىن جانلىقلار. چۈنكى ئۇلار ھەر ياز پەسلىدە بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

سىز پاشاغا يېقىن كېلىپ قاراپ باقدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولۇپ باققانمۇ؟ ئەگەر قاراپ باقمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۈستىدىكى رەسىمنى كۆرۈڭ. ھەمدە بىز بىرلىكتە تەتقىق قىلايلى. سىز بىلەمسىز نېمە ئۈچۈن بۇ پاشا قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؟ ئۇ قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، چۈنكى ئۇ چاققان ئادەمنىڭ قېنى بىلەن قورسىقىنى توشقۇزىدۇ. نېمە ئۈچۈن پاشا قان شورايدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر پاشىنىڭ قان بىلەن جان باقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە پاشا گۈل شىرنىلىرى بىلەن جان باقىدۇ.   چىشى پاشىلار تۇخۇملاش ئۈچۈنلا قان شورايدۇ.   بۇنى بىلگەندىن كېيىن سىز پاشاغا نىسبەتەن باشقىچە كۆز بىلەن قارىغانسىز . يەنە پاشا توغرىسىدا سىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار كۆپ. سىز پاشىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ۋە ئۇچىدىغان جانىۋارلىقىنى بىلىدىغانسىز . لېكىن ئۇ سۇ ئىچىدە پىشىپ يېتىلىپ چوڭ بولىدۇ . ئۇلار سۇدىن ھېچقانداق ھۆل بولمىغان ھالدا چىقىدۇ. سىز بۇنداق ئىشەنگۈسىز ھېكايىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئەگەر ئاڭلىمىغان بولسىڭىز ، داۋاملىق ئوقۇڭ. ھەمدە چوقۇم ھەيران بولىسىز.

## دەسلەپكى سەرگۈزەشتە


كىچىك پاشالارنىڭ دەسلەپكى سەرگۈزەشتىسى، ئانا پاشىنىڭ تۇخۇملارنى كۆللەرگە، ياكى ھۆل يوپۇرماقلارغا تۇغۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. تېخى ئۇ تۇخۇملىرىنى خالىغانچە تاشلاپ كەتمەيدۇ. ئۇ




ئانا پاشا باللىرىنىڭ چۆكۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇخۇملىرىنى سال شەكلىدە تىزىپ قويىدۇ .

ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى مۇشۇنداق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ سەۋەبى، تۇخۇملار سۇدىن ئايرىلىپ بولغۇچە ئۇلار بەلكىم سۇغا چۆكۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر تۇخۇملار مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىر بېرىگە ئولاشتۇرۇپ قويۇلغاندا، تۇخۇملارنىڭ چۆكۈپ كېتىش خەۋپى بولمايدۇ. ئانا پاشا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئاق تۇخۇملار تىزلا قارا رەڭگە ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. ھاشاراتلار ۋە قۇشلار ئۇلارنىڭ رەڭگى قارا بولغاچقا ئۇلارغا دىققەت قىلمايدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تۇخۇملار قۇشلار ۋە ھاشاراتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەمدى مۇشۇنداق كىچىك پاشا تۇخۇمى ئۆزىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىشنى نەدىن بىلسۇن ؟

روشەنكى بۇ كىچىك تۇخۇملار بۇنداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس. تۇخۇملارنىڭ ئانىسى بولغان پاشالارمۇ ئۇلارنىڭ قانداق رەڭگىنى ئۆزگەرتىشنى بىلمەيدۇ. پەقەت بىر الله تۇخۇملارنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. الله ناھايىتى شەپقەتلىك، ھەممە ئۆزى ياراتقان جانلىقلارنى قوغدىغۇچى. الله پاشا تۇخۇملىرىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قوغداپ قالىدۇ.





ئالدىرىماڭ ، پاشىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئەمدى باشلاندى. كىچىك تۇخۇملاردىن بىرسى لىچىنكا دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇتقا ئوخشايدىغان بىر جانلىققا ئۆزگىرىدۇ. بۇ لېچىنكىلار سۇدا بېشى تەتۈر ھالەتتە تۇرىدۇ. سىز بۇ



شۇنداقلا يەنە بىر مەسىلە بار. نەيچە سۇ ئۈستىدە تۇرىدىكەن، لېكىن ئىنتايىن ئاجىز ئاۋازلار سەۋەبلىكمۇ نەيچىگە سۇ كىرىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. بۇنداق دېگەنلىك بۇ كىچىك پاشا تۇنجۇقۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ نەيچىنىڭ تۈۋىدە شىلىمشىق ماددا بولۇپ سۇ كىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. رەسىمدىكى لىچىنكىنىڭ «بىز نەيچىگە شىلىمشىق ماددا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان سۇ كىرەلمەيدۇ » دەيدۇ دەپ ئويلامسىز ؟ كىچىك پاشالاردا شۇنداق ئەقىل ۋە تالانت بارمىدۇ؟ روشەنكى كىچىك پاشا بۇنداق ئىشلارنى قىلىشنىمۇ ئويلىيالمايدۇ. بىر الله نەيچىنى ئۇلارنى نەپەسلىنەلەيدىغان ، ھەمدە نەيچە تۈۋىگە شىلىمشىق ماددىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ سۇ كىرىپ كەتمەيدىغان قىلىپ ياراتقان.

كۆرگەنسىز، الله سىزنى قوغداپلا قالماي، بارلىق جانلىقلارنىمۇ قوغدايدۇ.

سەرگۈزەشتىنى تۈگىگەندۇ دەپ ئويلىماڭ، ئۇ تېخى داۋاملىشىدۇ.

بىر مەزگىل پاشىلار ئۆزىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ، ئاخىردا سىز سولدىكى رەسىمدە كۆرگەندەك ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇ تېخىغىچە پاشاغا ئوخشىمايدىكەن شۇنداقمۇ؟ پاشىلارنىڭ بۇ باسقۇچى (ھاشاراتلارنىڭ ) قورچاقلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. قاسراق ئىچىدىكىسى لىچىنكا دەپ ئاتىلىدۇ. پاشا يېتىلىپ تولۇق پاشا ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ مۇڭگۈزچىسى ، ئېغىزى، پۇتلىرى، قاناتلىرى، كۆزلىرى ۋە

## پاشانىڭ تۆنجى قېتىم سىرتقا چىقىشى



پاشا ئۆزىنىڭ غۇزىسىدىن چىقىپ سۇ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ . الله پاشىلارنى ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان شىلىمشىق ماددىلار بىلەن ئۇلارنى سۇغا چۆكۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ .

غۇزا تۆنجى بولۇپ پاشىنىڭ باش تەرىپىدىن يىرتىلىدۇ. شۇنداقلا پاشا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن بېشى ناھايىتى خەتەرلىك ھالەتتە بولىدۇ . ئەگەر غۇزىغا سۇ تولۇپ كەتسە قانداق بولىدۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا پاشا تۇنجۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن غۇزىنىڭ باش قىسمىنى شىلىمشىق ماددا ئوراپ تۇرغان بولۇپ غۇزىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

بۇ ۋاقىت ئىنتايىن مۇھىم ۋاقىت، چۈنكى پاشا سۇدا يېقىلىپ كەتمەستىن سۇ ئۈستىدە پۇتلىرى بىلەن تۇرالىشى ھەمدە قاناتلىرىنى ھۆل قىلىپ سالماسلىقى كېرەك. ھەتتا كىچىككىنە شامال چىقىپ پاشانى سۇغا يىقىتىۋېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. پاشا بۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ . چۈنكى ئۇلۇغ الله ئۇنى مۇشۇنداق تالانت بىلەن ياراتقان.

## پاشا قاراڭغۇدا سىزنى قانداق كۆرىدۇ ۋە چاقالايدۇ؟

ھەيران قالامسىز ؟ سىز كارىۋىتىڭىزدا قاراڭغۇ كېچىلىرى. يوتقاننى يېپىنىپ ياتسىڭىز ، بىلىكىڭىزدىن كىچىككىنە بىر جاي ئۇچۇق قالسا پاشا مۇشۇنداق ئىنتايىن قاراڭغۇ كېچىدە ئەتراپىڭىزغا كېلىپ شۇ

پاشا ئەتراپىدىكى جانلىقلارنىڭ تارقاتقان ئىسسىقلىقى ۋە بىزگە كۆرۈنمەيدىغان بىرخىل نۇر بىلەن كۆرۈدۇ . بۇ خىل كۆرۈش قۇۋۋىتى يورۇقلۇق بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ ئۇلار قاپ - قاراڭغۇ كېچىدە بىزنىڭ قان تومۇرلىرىمىزنى تاپالايدۇ.

بۇ بولسا كارامەت تالانت. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن. ئالىملار ئىسسىقلىق ئارقىلىق سۈرەت تۇتالايدىغان كامېرانى كەشىپ قىلىپ چىقتى. بۇ كامېرا قاراڭغۇدىمۇ ئەتراپنى خۇددى كۈندۈزدەك سۈرەتكە ئالالايدۇ. قىياس قىلىپ بېقىڭ؟ ئىنسانلار پاشادىن ئۆلگە ئالدى. پاشىلار ئىنسانلاردىن ئەقىللىقمۇ؟ بولۇپمۇ ، ئۇلار ئالىملاردىن ئەقىللىقلىقمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. الله پاشالارغا ئالاھىدە ئىقتىدارنى بەرگەن. ئىنسانلار بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى تالانتلاردىن ئۆلگە ئالدى. ئۇلار ئايروپىلانلارنى قۇشلاردىن ئۆلگە ئېلىپ ئىجاد قىلدى. ئىنسانلار يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەبىئەتتىن ئۆلگە ئېلىپ ياسىدى. ئەمدى بىز پاشىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى داۋاملاشتۇرايلى.

## پاشا ھەركەت قىلىۋاتىدۇ



پاشا ئەتراپىدىكى جانلىقلارنى ئۇلارنىڭ ئىسسىقلىق شەكلى ئارقىلىق كۆرىدۇ . مانا بۇ پاشىنىڭ بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى قانداق كۆرىدىغانلىقى ۋە نىشاننى قانداق تاللايدىغانلىقى

پاشىنىڭ قان شوراش تېخنىكىسى كارامەت بولۇپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

دەسلەپتە پاشا نىشانغا قونىدۇ. مەسىلەن: بىلىكىڭىزگە ، ئاندىن ئۇ نەشتىرى بىلەن مۇۋاپىق ئورۇننى تاللايدۇ.

پاشىنىڭ نەشتىرى شپىرىسقا ئوخشاش بولۇپ ئالاھىدە بىرخىل غىلاپ بىلەن ئورالغان بولىدۇ . قان شورىغان ۋاقىتتا نەشتەر غىلاپتىن چىقىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر

پاشىنىڭ نەشتىرىنى تېرىگە سانجىيدۇ دەپ ئويلايدۇ ئەكسىچە پاشا باشقىچە بىرخىل ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ.

ئۇ تۆۋەنكى ئېغىزىنى ئالدى كەينىگە سۈرۈپ خۇددى (ياغاچ كېسىدىغان) ھەرىگە ئوخشاش ئېغىزىنىڭ ياردىمىدە تېرىنى كېسىپ ئاندىن نەشتىرىنى تۆشۈكتىن قان تومۇرغا بارغۇچە سانجىپ ئاندىن قان شوراشقا باشلايدۇ.

## دوختۇر پاشا

سىز بەلكىم «پاشامۇ دوختۇر بولالامدۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن، بۇ بەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سىز: «ئۇلار ھەقىقەتەن دوختۇرلار ئىكەن». دەيسىز.

سىز قولىڭىزنى كېسىپ سالسىڭىز، بىردەم دىن كېيىن قان ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ. مانا بۇ قاننىڭ ئۆزلۈكىدىن قېتىشىپ ئېقىشتىن توختىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. الله قاننى مۇشۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بىلەن يارىتىپ ئىنساننى قوغدايدۇ. ئەگەر قان ئۆزلۈكىدىن قېتىشمىسا بارمىقىڭىزدىكى ئىنتايىن كىچىك كېسىك (كېسىلىپ كەتكەن جاي) ياكى يۇگۇرگەندە تۇيۇقسىز يىقىلىپ ، بولغان جاراھەتتىن قاننى توختىتالمىسىڭىز ئۆلۈپ كېتەتتىڭىز .

بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ رەھمەت. لېكىن پاشا بۇنىڭ ئانچە خۇشال بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى پاشا قاننى شورىغاندا قان قېتىۋېلىپ ئۇنىڭ نەشتىرىگە چىقمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ، پاشىلار خۇشال بولمايدۇ، چۈنكى ھېچقانداق بىر پاشا ئۆزلىرىنىڭ تۇخۇملىرىنى ئاقسىل بىلەن باقالمايدۇ . الله يەنە مۇشۇ جەريانلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پاشلارنى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ياراتقان. قانداق؟ پاشا قاننى شوراشتىن بۇرۇن الله ئۇنىڭغا بەرگەن بىرخىل سۇيۇقلۇق ئىشلەپ چىقىرىپ ئۆزى قونغان جايىدىكى قان تومۇرغا كىرگۈزىدۇ. بۇنداق بولغاندا شۇ جايىدىكى قان قېتىشىۋالالمايدۇ شۇنىڭ بىلەن پاشا قاننى بىمالال سۈمۈرەلەيدۇ.




بۇ سۇيۇقلۇقنىڭ يەنە باشقا ئىنتايىن ياخشى ئالاھىدىلىكلىرى بار. پاشا يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا سىز ھېچنېمىنى سەزمەيسىز . چۈنكى بۇ ماددىنىڭ پاشا سىزنىڭ كەسكەن جايلىرىڭىزنى ھېچنېمىنى سەزمەس قىلىپ قويىدىغان رولى بار. بۇ سۇيۇقلۇق چىش دوختۇرلىرى ۋە تاشقى كېسەللىك دوختۇرلىرى ئىشلىتىدىغان ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسىغا ئوخشايدۇ. دوختۇرلار سىزگە مەلۇم دەرىجىدە ھۇشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئىشلەتكەچكە سىز ئاغرىقنى سەزمەيسىز ھەمدە سىزەلمەيسىز . سىز پاشىنىڭ دوختۇردەك خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىڭىزمۇ ؟ ئالدى بىلەن ھۇشسىزلاندۇرۇپ ئاندىن قان شورايدۇ.

پاشا سىزنى چېقىۋالغاندىن كېيىن ، ئازراق قىچىشىدۇ ۋە قاپىرىپ چىقىدۇ. بۇ قىچىشىش ۋە قاپىرىشنىڭ سەۋەبى دەل ھېلىقى سۇيۇقلۇق.

سىز بەلكىم بۇ ئىشلارغا نۇرغۇن ۋاقىت كېتەر دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن پاشا بۇ ئىشلارنى

سىز بۇ رەسىمدىن پاشا ئادەمنى چاقىقان ۋاقىتتا قانداق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز . پاشا قاننى ئۆزىنى بېقىش ئۈچۈن سۈمۈرمەيدۇ ، ئۇ قاننى تۇخۇملىرىنى بېقىش ئۈچۈن سۈمۈرىدۇ. ئەمما پاشا كەسكەن جايىنى ھۇشسىزلاندۇرغاچقا سىز ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىشلىرىنى قىلىۋاتقاندا پەقەت سەزمەيسىز .



ئانا پاشا قورسىقىدىكى تۇخۇملىرىنى سۈمۈرگەن قان بىلەن باقىدۇ.

ئەمدى بىز بىرلىكتە تەپەككۇر قىلايلى. پاشا قەلەمنىڭ بېشىدىن چوڭراق، لېكىن ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغان خىزمىتى ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇرەككەپ. سىز يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پاشا ئۆزى ئويلاپ قىلالايدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئادەم قېنىنىڭ تومۇردا ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كەسكەن جايىنى ئاغرىقنى سەزمەسلىكى ئۈچۈن ھۇشسىزلاندۇرۇش، كىچىدە بىمالال كۆرەلەيدىغان بىر كۆز. تۇخۇملىرىنىڭ چوكۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى سال شەكلىدە تىزىپ قويۇش. پاشا بۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن قىلالمايدۇ.

الله بارلىق جانلىقلارنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىنى باقالايدىغان ، ئۆز - ئۆزىنى قوغداپ ھايات قالىدىغان، ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ياراتقان. مانا بۇ الله نىڭ مېھرىبان، رەھمەتلىك، ۋە قوغدىغۇچى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئەگەر پاشىلار ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالىسا، مانا بۇ الله نىڭ ئۇلارنى قوغدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى. الله خاتالاشمايدۇ، ھەمدە ئۇنتۇپ قالمايدۇ!!!!.

# چۋىن يەرشارىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇچالايدىغان جانلىق

بىز پاشىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇزۇن تىلغا ئالدۇق. ئەمەلىيەتتە ئەتراپىمىزدىكى بارلىق قۇرۇت - قوڭغۇزلاردا بىزنى قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىك بار. مەسىلەن: چۋىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپلا كارامەت ئۇچالايدۇ . چۋىن ئۇچۇۋاتقان ۋاقىتتا بىز چۋىن ئىنتايىن تالانتلىق جانلىق ئىكەن دەيمىز.

بىر چۋىن سېكۇنتىغا 500دىن 1000 قېتىمغىچە قانات قاقىدۇ. ئەمدى توختاپ بىردەم تەپەككۇر قىلىڭ؛ بىز تىلغا ئالغان ۋاقىت بىر سائەت ئەمەس، بىر مىنۇتمۇ ئەمەس، پەقەت بىر سېكونت. بۇ پەقەت سىزنىڭ كۆزىڭىزنى ئېچىپ يۇمغانچىلىك ۋاقىت. چۈشەندىڭىزمۇ؛ سىز كۆزىڭىزنى ئېچىپ يۇمۇپ بولغۇچە چۋىن قانىتىنى ئاز دېگەندە 500 قېتىپ قېقىپ بولىدۇ .

ئەمدى تۆۋەندىكىلەرنى تەپەككۇر قىلىڭ: سىزدىن سېكۇنتىغا بىلىكىڭىزنى چۈشەندەك 500 قېتىم ئەمەس 10 قېتىم ئېچىپ يىپىپ بېقىڭ دەپ سورالسا سىز قانداق قىلىسىز؟ شەكسىزكى، سىزنىڭ بەدىنىڭىزدە بار بولغان مۇسكۇللىرىڭىزنى سېكۇنتىغا 500 نى قانات قېقىشنى ئورۇنلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۋىن ئالاھىدە بەدەن مۇسكۇللىرى بىلەن سىز ياكى يېتىلگەن چوڭلارمۇ قىلالمايدىغان ۋەزىپىنى قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چۋىن ئۇچۇۋاتقان ۋاقىتتا ھېچقانداق قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قانىتى ئۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ الله نىڭ ئۇلارنى مۇشۇنداق ئالاھىدە سىستېما بىلەن ياراتقانلىقىنىڭ دەلىلى.



ئەگەر سىز ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قارىغان بولسىڭىز ئۇنىڭ قىينالمايلا ئۇچۇۋاتقانلىق تەجرىبىسىگە گۇۋاھچى بولالايتتىڭىز . بۇ سىزنى ھەيران قالدۇرالمىسۇن ياكى سىز ئېتراپ قىلماڭ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە قىيىن ھەرىكەت .



ئىنسانلار ئەڭ يېڭى ۋە ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن ئىشلەپ چىقارغان تېك ئۇچار ئايروپىلانلار چىۋىنلاردەك ئۇنداق مۇۋاپىقىيەتلىك ئۇچالمايدۇ .

ئەمدى سىز چىۋىننىڭ ئۇچىشىغا دىققەت قىلىپ بېقىڭ، سىز نېمىگە دىققەت قىلدىڭىز؟ سىز بەلكىم چىۋىننىڭ تۆز بىر لىنىيەدە ئۇچمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىڭىز. ئۇ نىشانىغا خۇددى مانېۋىر ئۆتكۈزگەندەكلا ئۇچىدۇ. ئۇ هاۋادا غوڭۇلداپ تۇيۇقسىز بۇرىلالايدۇ . ھەرقانداق جاي بۇلىشىدىن قەتئىي نەزەر بىۋاستە قونالايدۇ . ھەتتا تورۇسلارغا، ۋە تىك تاملارغا ئوڭايلا قونالايدۇ . ھېچقانداق ئۇچار ماشىنا يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلالمايدۇ. ئايروپىلان بىلەن چىۋىننىڭ ئۇچىشىنى قىياس قىلىپ بېقىڭ، ئاندىن قايسىسىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز .

ھازىر سىزدە تۆۋەندىكى سوئال پەيدا بولغاندۇ، كىم چىۋىنلەرگە مۇشۇنداق ھەرىكەتلەرنى ئۆگەتكەندۇ ؟ بىز بۇ يەردە يەنىلا اللە نىڭ چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . چىۋىنگە مۇشۇنداق كارامەت ئۇچۇش ئىقتىدارىنى بەرگەن پەقەت بىر اللە دۇر.

ھازىرغىچە ئەتراپىمىزدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان جانلىقلار ئۈستىدە سۆزلىدۇق. قانداقلا بولمىسۇن، يەنە بىز ئەتراپىمىزدا كۆرەلمەيدىغان لېكىن تېلېۋىزورلاردا ياكى كىتابلاردىلا كۆرەلەيدىغان جانلىقلارمۇ بار. بۇ جانلىقلارنىڭمۇ ناھايىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئەمدى بىز سىزگە ئۇلاردىن ئازراق سۆزلەپ بېرەيلى . سىز بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «الله ئۇلارنى نېمە دېگەن ئاجايىپ ياراتقان ھە!؟» دەيسىز.

**پىنگۋىنلار مۇزلۇق قىتئە بولغان جەنۇبى قۇتۇپتا قانداق ياشايدۇ؟**



پىنگۋىنلار يەرشارىنىڭ جەنۇبى قۇتۇبىدا ياشايدۇ. قۇتۇپنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق ، ھەمدە دائىم قار ۋە مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغاچقا دېڭىز يۈزىدە مۇزتاغلار شەكىللىنىدۇ. ئەمدى، سىز قىشتا قار توپى ئوينىغىلى سىرتقا چىققاندا قانچىلىك سوغۇقنى ھىس قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ. گەرچە سىز پوپايكا، چاپان، تۇماق، بىر جۈپ پەلەي، ۋە شارپا قاتارلىقلارنى كىيىۋالغان بولسىڭىز يەنىلا سوغۇقنى ھىس قىلىسىز. سىز قار توپى ئوينىغان ۋاقىتتا تېمپېراتۇرا تەخمىنەن نۆلدىن تۆۋەن 10 گرادۇس بولۇشى مۇمكىن، پىنگۋىنلار تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسلۇق جايلاردا ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىنگۋىنلار چاپان، پوپايكا، ياكى پەلەيلەرنى كەيمەيمۇ ، بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن خېلىلا سوغۇق جايلاردا ياشايدۇ. ئۇلار قار تۆپىسىدە ئاياغسىز ماڭسىمۇ ئۇلار كېسەل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىمۇ يوق. ئۇلار مۇز تۆپىسىدە ئۇخلايدۇ. ئەگەر سىز مۇز تۆپىسىدە بىر نەچچە مىنۇت ياتىدىغان بولسىڭىز سىز بەلكىم كېسەل بولۇپ قالىسىز. پىنگۋىنلارغا ھېچنېمە بولمايدۇ، نېمە ئۈچۈن؟



بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلۇغ الله ئۇلارنى مۇشۇنداق يول بىلەن ئاشۇنداق مۇزلۇق مۇھىتتا





ملەن

دۇ.



نتاين

تۆگىلەر سۇ بېكىنى دۇمبىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ



بىز ئىلگىرى پىنگۋىننىڭ يەرشارىدىكى ئەڭ سوغۇق قىسمىدا ياشايدىغانلىقىنى ھەمدە الله نىڭ ئۇلارنى ئەتراپتىكى مۇھىتقا ئىنتايىن مۇۋاپىق ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالدۇق. ئەكسىچە تۆگىلەر بولسا يەرشارىنىڭ ئىنتايىن قىزىق كېلىماتىدىمۇ ھايات كەچۈرەلەيدىغان قىلىپ يارىتىلغان ھايۋانلار. تۆگىلەر ئادەتتە قۇملۇقتا ترانسپورت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بىپايان قۇملۇقنىڭ تېمپېراتۇرىسى 50 سېلسىيە گرادۇسلارغا چىقىدۇ. سىز بەلكىم تەخمىنەن 30 سېلسىيە گرادۇسلۇق كىلىماتلاردا ياشايسىز . ھەتتا شۇنچىلىك تېمپىراتوردىمۇ ئەگەر سىرتقا چىقسىڭىز تىزلا چارچايسىز ، ھەمدە ئۇسساپ كېتىسىز. تۆگىلەر 50 سېلسىيە گرادۇسلۇق ئىسسىقلىقلاردىمۇ نەچچە كىلومېتىر يوللارنى باسالايدۇ . ئۇلار بىر نەچچە كۈن سۇ سىز ياشيالايدۇ. مانا بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەدىنىنى بىزنىڭ بەدىنىمىزدىن پەرقلىق ياراتقانلىقى. تۆگىلەر ئۆزلىرى ئىچكەن سۇنى ئىچىدە ئۇزۇن مەزگىل ساقلاپ قويۇپ، ئۇلار ئۇسسىغان ۋاقىتتا ساقلاپ قويغان سۇ بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ.

قۇملۇقتا جان بېقىشمۇ بىر مەسىلە قۇملۇقنىڭ ھەممىسى قۇرغاق بولۇپ ئۆسۈملۈكمۇ ھەم يوق. پەقەت كاكتۇس دەرىخى ۋە تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەر بار. تۆگىنىڭ ئېغىزى ۋە لەۋلىرى چىداملىق بولۇپ مۇشۇنداق تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنى يېيەلەيدۇ ھەتتا تاپانلىرىغا تىكەنلەر كىرىپ كېتىدۇ . مانا بۇ ئۇلارنىڭ تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەردىنمۇ قورسىقىنى بېقىپ كىتەلەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.



ئۇندىن باشقا تۆگىلەرنىڭ تېرىسىنى قاپلاپ تۇرغان تۈكلىرىمۇ ئۇلارنى چىدىغۇسىز ئىسسىقلاردىن ساقلاپ قالىدۇ. تۆگىلەر دائىم قۇملۇقلاردا يول يۈرگەچكە الله ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى ياپلاق قىلىپ ياراتقان. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ياپلاق بولغاچقا قۇملۇقتا چۆكۈپ كەتمەيدۇ. قېتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، الله تۆگىلەرنىڭ پۇتىنىڭ تېرىسىنى ئىنتايىن قېلىن ياراتقان، بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ تاپانلىرى قەتئىي كۆيمەيدۇ .




لىرى قىلالايدىغان ئىشلار بىلەن

. الله بارلىق نەرسىلەرنى ھېچقانداق

توغرىسىدا بىزگە خەۋەر بېرىپ :

## ھەرە قۇش



كۆرگەنسىز بۇ قۇش كىچىكلىكىدىن قەلەم ئۈستىدە تۇرالايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ جۈغى كىچىك بولسىمۇ ئۇ ئىنتايىن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى باسالايدۇ. ھەمدە بۇ سەپەردە ئۇ قاناتلىرىنى 2.500000 (ئىككى يېرىم مىليون ) قېتىم قانات قاقىدۇ. سىز بىلىكىڭىزنى قانچە قېتىپ ئېچىپ ياپالايسىز ؟ ئەگەر سىز بىلىكىڭىزنى 50 قېتىم ئېچىپ يېپىپ

باقسىڭىز، ئەتسى چوقۇم ئاغرىپ قالىدۇ.

لېكىن بۇ كىچىك قۇش ئۇچۇن بۇنچىلىك 2.500000 (ئىككى يېرىم مىليون ) قانات قاقسىمۇ ئۇنىڭدا ھېچ قانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ . اللە بۇ قۇشلارنى مۇشۇنداق ئىنتايىن قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىيالايدىغان قىلىپ ياراتقان.




## ئۆزىنى قوغدىغۇچى قىسقۇچ پاقا



دېڭىزدا ئىنتايىن قىزىقارلىق جانلىقلار بار. بۇ جانلىقلار ئۆزگىچە ئۇسۇللار بىلەن ئۆز  ئۆزىنى قوغدايدۇ. قىسقۇچ پاقا بەزى قۇراللارنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى سەككىز پۇتلۇق بېلىق ، ۋە باشقا دۈشمەنلىرىدىن قوغدۇنىدۇ. ئوكيانلاردا ئۆسىدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك بولۇپ ، قىسقۇچ پاقىلار بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىپ ئۇلارنى قاسراقلىرى ئۈستىگە قويۇۋالىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تىكەنلىرى ئىنتايىن زەھەرلىك بولىدۇ . مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قىسقۇچ پاقىلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن قوغدىنىدۇ. ئۇنتۇپ قالماڭكى قىسقۇچ پاقىلار ئۆزلۈكىدىن بۇنداق ئالتۇندەك پىلاننى تۈزەلمەيدۇ . اللە ئۇلارغا دۈشمەنلىرىدىن قانداق ساقلىنىشنى ئۆگەتكەن .

## سۇ ئۈزەلەيدىغان بوبي قۇش




بوبي قۇشىنىڭ پۇت بارماقلىرىدا سۇ ئۈزۈش پەردىسى بولۇپ چوڭقۇر سۇ ئاستىغا شۇڭغىيالايدۇ . الله ئۇلارغا مۇشۇنداق سۇ ئۈزۈش پالاقچىسىغا ئوخشاش ئالاھىدە پۇتلارنى بەرگەچكە ئۇلار سۇ يۈزىدىمۇ ۋە چوڭقۇر دېڭىز ئاستىدىمۇ سۇ ئۈزەلەيدۇ . ئۇلار چوڭقۇر دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇپ ئىنتايىن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ.

## بېلىقمۇ ئۇچالامدۇ ؟



ئۇچار بېلىق قۇشلارغا ئوخشاش قاناتلىرى بىلەن ئۇچمايدۇ . لېكىن ئۇ قۇشلارنىڭ قانىتىغا ئوخشاش قاناتلىرىنى يايىدۇ. ئۇلار سائىتىگە 56 كىلومېتىر مۇساپىنى باسىدۇ. بۇ خىل كىچىك بېلىق سۇدا قاناتلىرىنى يېيىپ، قۇيرۇقلىرىنى ئۈستىگە چىقىرىپ تېخىمۇ تېز ھەرىكەت قىلالايدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئۇ سۇدا ئىنتايىن تېز ھەرىكەت قىلىدۇ.

## كۆك قوتان



كۆك قوتان بېلىق تۇتۇشتا ئىنتايىن ئۇستىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ تۇرغان ھالەتتە قاناتلىرىنى بېشىدا كۈنلۈك شەكلىدە يايىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئۇ سۇ يۈزىدىكى شولىسىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ. ئەمدى كۆك قوتان سۇ ئاستىدىكى يېمەكلىكلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. كۆك قوتاننىڭ قاناتلىرى سۇ يۈزىدە ھالقا شەكلىدە بولۇپ ئۇ دائىم ھالقا شەكىل ئىچىدە بېلىق تۇتىدۇ.

## تۆگە قۇش



تۆگە قۇش ئىنتايىن تېز يۈگۈرىدىغان قۇش. ئۇ سائەتتە 70 كىلومېتىر يۈگۈرەلەيدۇ . تۆگە قۇشنىڭ پۇتلىرىدا پەقەت ئىككىلا بارمىقى بولىدۇ . بۇ بارماقلارنىڭ بىرسى بىرسىدىن چوڭراق بولىدۇ . تۆگە قۇشنىڭ تېز يۈگۈرۈشىنىڭ سەۋەبى دەل ئەشۇ ئۈزۈن بارمىقىدۇر.

## جەنۇبىي قۇتۇپ ئېيىقى



جەنۇبىي قۇتۇپ ئېيىقى تۈكلۈك، تىرناقلىق، تېيىلماس تاپانلىرى بىلەن مۇز ئۈستىدە ئىنتايىن تېز يۈگرەلەيدۇ . جەنۇبىي قۇتۇپ ئېيىقى قېلىن يۇڭلىرى بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ئىنتايىن سوغۇق ھاۋاسىدىن قوغدىنىدۇ. ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان قېلىن يۇڭلىرى ئۇلارنى سوغۇقتىن ئۈنۈملۈك ساقلايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ مۇزلۇق سوغۇق سۇدا سائىتىگە 10 □ 11 كىلومېتىر سۈرئەتتە 2000 كىلومېتىر مۇساپىنى باسالايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئاللا جەنۇبىي قۇتۇپ ئېيىقلىرىنى پىنگۋىنلارغا ئوخشاش ياراتقان بولغاچقا ، شۇڭا ئۇلار شۇنداق ھاۋادا ھايات كەچۈرەلەيدۇ. ئاللا ئۇلارنى يەرشارىنىڭ ئەڭ سوغۇق قىسمىغا بولغان جەنۇبىي قۇتۇپتا، ئېيىقلارنى شىمالىي قۇتۇپقا، پىنگۋىنلار بولسا جەنۇبىي قۇتۇپقا جايلاشتۇرغان .

ئاللا جەنۇبىي قۇتۇپ ئېيىقلىرىغا ئىنتايىن كۈچلۈك پۇراش سېزىمىنىمۇ بەرگەن. ئۇ پۇراش سېزىمىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن 1.5 مېتىر (بىر يېرىم مېتىر ) قار ئاستىدىكى يېمەكلىكلەرنى سېزەلەيدۇ .

قېتىپ قويۇشقا تېگىشلىك شۇكى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە قاپقى خۇددى ياپراقچىغا ئوخشاش بولۇپ خۇددى «بىر جۈپ قارا كۆز ئەينەككە» ئوخشاش ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قارنىڭ قارىغۇ قىلىپ قويۇشىدىن ساقلايدۇ.



يىلپىز: ئەڭ تېز يۈگۈرگۈچى



يىلپىزلار زېمىن ئۈستىدىكى داڭلىق ئەڭ تېز يۈگۈرگۈچى جانلىق. ئۇلار ئۇزۇن مۇساپىلەرنى ئىنتايىن ئاز ۋاقىتتا بېسىپ بولىدۇ . ئۇلار بىر نەچچە سىكونت ئىچىدە سۈرئىتىنى سائىتىگە 75 كىلومېتىرغا چىقىرالايدۇ. بەزى يىلپىزلارنىڭ سۈرئىتى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە سائىتىگە 113 كىلومېتىرغا چىقىرالايدۇ. ئۇلۇغ الله نىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراڭ .


## بۇغىنىڭ قىزىقارلىق ھەرىكىتى

بەزى جانلىقلار خۇشپۇراق ماددىلارنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىگە چېگرا بېكىتىپ قويىدۇ. بوغىلار



بەزى كىچىك ئۇزۇن شاخچىلارغا ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە كوكۇس مېيىغا ئوخشاش پۇرايدىغان ماددىنى يېپىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ تېرتورىيىسىنى بەلگىلەپ قويىدىكەن. بۇ خىل پۇراق ئارقىلىق باشقا بۇغىلار بۇجاينىڭ ئاللى بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ بولغانلىقىنى بىلىدىكەن. الله بۇنداق قىلىشنى ئۇلارغا بىلدۈرمىسە ئۇلاردا نەدىمۇ ئۆزلۈكىدىن تېررىتورىيە بېكىتىپ قويۇش بولسۇن .

## گېكو . (كەسلەنچۈك)




گكىو ئىسسىق بەلۋاغدا ياشايدىغان بىرخىل كەسلەنچۈك بولۇپ . ئۇنىڭ ئىنتايىن ھەيران قالارلىق ئالاھىدىلىكى ئۇ تىك تاملاردا بىمالال يۈرەلەيدىكەن . گكىولار ھەتتا ئەينەك بولسىمۇ پۇت بارماقلىرىدىكى شوراش كاتاكچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىمالال يۈرەلەيدىكەن . قېتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئەگەر ئۇلار تىك جايلارغا كەلگەندە خۇددى مۇشۇكلاردەك بارماقلىرىدىكى تىرناقلىرىنى يوشۇرۇۋېتىپ تىك جايلاردا بىمالال مېڭىشۇېرىدىكەن .

## كەسلەنچۈكنىڭ سۇ يۈزىدە يۈگۈرۈشى



ئەگەر سىز كەسلەنچۈكنىڭ سۇ يۈزىدە يۈگۈرگەنلىكىنى كۆرسىڭىز قانداق خىيالغا كېلىسىز؟ سىز بەلكىم «مەن بەلكىم چۈش كۆرىۋاتقاندىمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ چۈش ئەمەس بۇ رېئاللىق . باسلىسك دەپ ئاتىلىدىغان كەسلەنچۈك، سۇ ئۈستىدە يۈگرەلەيدۇ . ھەمدە ئۇ بۇ ھەرىكەتنى ئىنتايىن تېز قىلىدۇ. ئۇ ئارقا پۇتلىرىنى سۇدا پالاقلىتىپ سۇ چاچرىتىپ يۈگرەيدۇ . بۇنداق پالاقلاش ئۇ قورۇقلۇقتا ماڭغاندا

كۆرۈلمەيدۇ . ئەگەر ئۇ بىرەر خەتەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، دەرھال سۇغا كىرىپ ئىنتايىن تېز يۈگرەيدۇ . ئۇ يۈگۈرگەندە ئارقا پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى كەڭرى ئېچىپ يۈگرەيدۇ.




## ياۋا ئۆردەكلەر



ياۋا ئۆردەكلەر سائەتلىك سۈرئىتى 50 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە ئۇچالايدۇ . قېتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇلار گۆش خورلاردىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن دائىم نىشاننى يۆتكەپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇغا شۇڭغىماقچى بولسا ئىنتايىن تېزلىك بىلەن سۇغا شۇڭغۇپ ئوۋچىلارنىڭ ئۇنى ئوۋلىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

## پىلنىڭ ئۇزۇن خارتۇمى



پىلنىڭ خارتۇمى 50.000 (ئەللىك مىڭ) مۇسكۇلدىن تەركىب تاپقان. زوْرۇر بولغاندا پىل بۇ خارتۇمى ئارقىلىق ئىنتايىن ئېغىر يۈكلەرنى ئىتتىرەلەيدۇ . ئوخشاشلا پىل خارتۇمى بىلەن كۆك پۇرچاقلارنى يىغىپ ئېغىزلىرىغا سېلىشتەك ئىنتايىن نازۇك خىزمەتلەرنىمۇ قىلالايدۇ. بۇ خارتۇم نۇرغۇن ئۇسۇللاردا ئىنتايىن قۇلاي،ئۇنى ئۇزۇن بارماق قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ ، ھەمدە ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز بىلەن يۇقىرى ئاۋازلىق ئاۋاز ساندۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . تېخى خارتۇمدا ئىچىش ياكى بەدىنىنى يۇيۇش ئۈچۈن 4 لېتىر سۇ ئالغىلى بولىدۇ .

سىز بەلكىم بۇ تىلغا ئالغان يۇقىرىقى جانلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇلار ئىنتايىن كارامەت ئالاھىدىلىكلەر ئىكەن شۇنداقمۇ؟ بۇلار يەرشارىدىكى كارامەت ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئازلا بىر قىسمى . يەرشارىدا سىز تېخى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان مىڭلىغان ھايۋانلار بار. مۇشۇنچىۋالا ھايۋانلار تاسادىپىيلىقتىن بارلىققا كېلەلەمۇ ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىر اللە بارلىق ھايۋانلارنى يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە ئىقتىدار بىلەن ياراتقۇچى.